جياڭ رۇڭ



# بۆرە توتېمى

2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



بۇ ئەلۋەتتە بىر غەلىتە كىتاب، بۆرە ئارقىلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسىنى يېڭىباشتىن تونۇتىدىغان چوڭ كىتاب. ئۇ ئۇدۇل بىرىپ تەرىقەتچىلىك مەدەنىيىتىدە تۇرغان مىللەتنىڭ خاراكتېر چوڭقۇرلۇقىدىكى ئاجىزلىقىغا تەگكەن. لاۋۇلداپ تۇرىدىغان بەش يۈز مىڭ خەت، بىر يەرگە توپلاشقان بەش يۈز مىڭ بۆرە ئاپتورنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، پاراستىنى ۋە باتۇرلۇقىنى نامايان قىلغان، بىزدىكى ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىغا تەپ تارتماي قارىيالايدىغان ئۇلۇغۋارانە روھنى نامايان قىلغان.

— يازغۇچى، ئوبزورچى **جۇ تاۋ**

«كۆك بۆرە ئوركېستىرى»دىن «بۆرە توتېمى»غا رەھمەت. ئۇ مېنى موڭغۇللارنىڭ سوزۇپ توۋلايدىغان ئاھاڭلىرىدىكى چوڭقۇرلۇقنى، مەردانىلىكنى، ئايىغى چىقمايدىغان قايغۇ - ئەلەمنى ۋە يايلاق كۆك بۆرىلىرىدىكى ئىچكى نىدا، تەنھالىق، قېرىنداشلىق ئۈچۈن كۆك تەڭرىگە تېۋىنىپ ھۇۋلاش قاتارلىقلارنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى، ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەنگەن قەھرىمانىنىڭ ئۆز ھەسرىتىنى مەڭگۈلۈك تەڭرىگە ناخشا قىلىپ تۆككەنلىكى؛ «جەننەت»تىكى سۆيۈملۈك ئانىسىغا يوللىغان ئەڭ تاتلىق ھېسسىياتى، ئەڭ ئاجىز قەلبى، ئادەمنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان مۇھەببەت كۈيى ...

— موڭغۇللارنىڭ ناخشىچىسى **تىڭگىر**

ISBN 987-7-228-11708-6
9 787228 117086 >
总定价(上、下):92.00元

جياك رۇك

# بۆرە تۇتېمى

2

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن ئەھمىدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب چاڭجياڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2004 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى، 2006 - يىلى 2 - ئاي 23 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据长江文艺出版社 2004 年 4 月第一版，2006 年 2 月第 23 次印刷本翻译出版。

# بۆرە توتېمى

**ئاپتورى:** جياڭ رۇڭ
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئىمىن ئەھمىدى
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇنارجان توختاخۇن
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** دىلشات سۇلتان
**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۇلشەھەر نىغمەت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**تېلېفون:** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك شىركىتى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
**باسما تاۋىقى:** 40.75
**نەشرى:** 2008 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى:** 2008 - يىلى 6 - ئاي 1 - باسمىسى
**تىراژى:** 1—5000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—228—11708—6
**باھاسى:** 92.00 يۈەن (ئىككى كىتاب)



# 22

... مانجۇ، داغۇر، ئېلۇنچۇن، ئېۋېنكىدىكى شامانلارنىڭ چوقۇنىدىغىنى قارا بۆرە ئىلاھى ئىدى، شامانلارنىڭ باتۇر، تەڭداشسىز، رەزىللىكنى دۈشمەن بىلىدىغان، جىمىكى ئىپلاسلىق ۋە زوراۋانلىقنى جان ـ جەھلى بىلەن قومۇرۇپ تاشلايدىغان ھىمايىچىسى ۋە ياردەمچىسى ئىدى، شامانلار خەۋپ ـ خەتەرگە، قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇققا، كېچىلىرى ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان دىۋە ـ ئالۋاستىلارغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلارنى شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدىلا يالماپ يۇتۇۋېتىشنى مۇشۇ ئەقىللىق، قورقۇمسىز بۆرە ئىلاھىغا ھاۋالە قىلاتتى. ئۇ بۆرە ناھايىتى دەھشەتلىك ھەم دىۋە ـ ئالۋاستىلارنىڭ روھىنى ئۇجۇقتۇرالايدىغان قەھرىمان ئىدى.

ـــ فۇ يۈگۇاڭ: «شامانلار ھەققىدە»

كېچىلىك كۆزەتچىلىك نۆۋىتى چېن جېنغا كەلدى. ئېرلاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، موڭغۇل ئۆيىدىكى جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا كىتاب كۆرگەچ خاتىرە يازالايتتى. ئىككى ھەمراھىنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ئۇ پاكار شىرەنى ئىشىكنىڭ يېنىغىلا قويىاتتى ـ دە، ئىككى كىتابنى تىكلەپ چىراغنىڭ يورۇقىنى توسۇيتتى. ئوتلاق كېچىسى تىمتاس ئىدى، بۆرىنىڭ

ھۆۋلاشلىرى ئاڭلانمايتتى، ئۈچ چوڭ ئىتمۇ بىكاردىن ـ بىكار قاۋاپ يۈرمەيتتى، لېكىن قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزىتەتتى. چېن جېن بىرەر قېتىم قولچىراغ بىلەن سىرتقا چىقىپ قوتاننىڭ چۆرىسىنى ئايلىنىپ قوياتتى، ئېرلاڭنىڭ غەربىي شىمال تەرەپتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولاتتى، ئېرلاڭنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، بىپەرۋالىق قىلىپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقا پېتىنالمايتتى، تاكى يېرىم كېچىگىچە كىتاب كۆرۈپ، ئاندىن ئازراق ئۇخلىۋالاتتى، ئەتىسى چۈشكە يېقىن كۆزىنى ئېچىپ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى بۆرە كۈچۈكىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش بولاتتى.

ياز پەسلىدىكى يېڭى ئوتلاقتا كەلگەندىن كېيىن، بۆرە كۈچۈكى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭلا خۇددى ئوۋغا ئېتىلماقچى بولۇۋاتقاندەك زوڭ ئولتۇرۇپ، موڭغۇل ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن كۆزىنى ئۈزمەيدىغان، يېمەكلىك سېلىنىغان داسنى ساقلايدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ داس مىدىرلاپلا تۇرىدىغان «ئوۋ» ئىدى، ئۇ جەڭ پۇرسىتىنى چوڭ بۆرىلەردەك سەۋر ـ تاقەت ئىچىدە كۈتەتتى، «ئوۋ» ئالدىغا كەلدىمۇ بولدى، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلاتتى، ئاغزىغا كىرگەن تاماق ئۇ ئۆزى ئوۋ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن «ئولجا» ھېسابلىناتتى، بۇنى ئادەملەر ماڭا تەييارلاپ بەرگەن دەپ قارىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۆرىلىك خاراكتېرىدىكى مۇستەقىللىقنى مۇشۇ تەرىقە قوغدايتتى. چېن جېنمۇ قەستەن ئۇنىڭدىن قورقۇۋاتقاندەك قىلىقنى چىقىرىپ، كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىپ قوياتتى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلايتتى.

ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ياز پەسلىدە يامغۇرلۇق كۈنلەر يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كېتەت-تى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يىلنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆتكەن يىلدى-كىدىن يۇقىرىدەك قىلاتتى. چېن جېنغا موڭغۇل يايلىقىدىكى قۇ-

ياش باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا بالدۇر چىقىپلا قالماي، ئۇنىڭ يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكىگە قارىغاندا يېقىندەك تۇيۇلاتتى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بولار - بولمايلا تېمپېراتۇرا شۇ جايلاردىكى چۈش ۋاقتىدەك كۆيدۈرەتتى، ئاپتاپتا ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى كۆپكۆك ئوت - چۆپلەر سولىشىپ، غولى قورۇلۇپ قالاتتى. پاشىلار چىقىدىغان ۋاقىت بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرىگە ئوخشاش يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان رو چىۋىنلار ئادەملەرگە، چارۋىلارغا تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاتتى، خۇددى چاقىدىغان باشقا يەر يوقتەك، ئادەملەر بىلەن چارۋىلارنىڭ بېشىدىغىلا قوناتتى، كۆزىگە، بۇرۇن تۆشۈكىگە، جاۋغىيىغا ۋە جاراھەتلەنگەن جايلىرىغا چاپلىشاتتى، ياكى ئۆيگە ئېسىقلىق قېنى قاچمىغان گۆشلەرگە يامىشاتتى. ئادەم، ئىت، بۆرە تىنىمسىز رەۋىشتە بېشىنى سىلكىشكە مەجبۇر بولاتتى. ھوشيار خۇاڭ خۇاڭ چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ، كۆز ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرگەن رو چىۋىنلارنى تىلى بىلەن يالماپلا تۇتاتتى - دە، چايناپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن چىقىرىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا ھەش - پەش دېگۈچە تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقىدەك نۇرغۇن ئۆلۈك چىۋىن پەيدا بولاتتى.

زەھەردەك كۆيدۈرۈۋاتقان كۈن نۇرى يەرنىڭ يۈزىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى، پۈتكۈل ئويمان بەئەينى كۆك چاي قورۇيدىغان غايەت زور چويۇن قازانغا ئوخشاپ قالدى، تاغ - دالىنى قاپلىغان ئوت - چۆپلەر قورۇلۇپ ھالىدىن كەتكەن كۆك چايغا ئايلاندى. ئىتلار موڭغۇل ئۆينىڭ شىمالىدىكى ھىلال ئاي شەكىللىك سايىغا قاراپ قاچتى، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، تىلىنى ساڭگىلىتىپ ھاسىرىدى. چېن جېن ئېرلاڭنىڭ سايىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ بىر - ئىككى قېتىم تۈۋلاپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن جاۋاب بولمىدى، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى، بەلكىم سەگىۋىلىش ئۈچۈن ئېقىن تەرەپكە كەتكەندۇر. ئۇ كېچىسى قويلارغا قارىغاندا مەسئۇلىيىتىنى بەجانىدىل ئادا قىلغىنى بىلەن، «ئىشتىن چۈشكەن»دىن كېيىنلا ئۇنى تاپقىلى بولمايتتى،

نەگە بارغۇسى كەلسە شۇ يەرگە كېتەتتى، خۇاڭ خۇاڭ بىلەن يىلىدەك كۆندۈزنىمۇ بىر جايدا ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتى.

مۇنداق چاغلاردا بۆرە كۈچۈكنىڭ كۈنى ھەممىدىن يامان بولاتتى، زەھەردەك كۆيدۈرۈۋاتقان كۈن نۇرىدا تۇتسا قول كۆيگۈدەك زەنجىر بىلەن باغلىنىپ، ئاپتاپقا قاقلانغىنى قاقلانغانىدى، بېشىدا سايە چۈشكۈدەك نەرسىمۇ يوق ئىدى، ياتىدىغان يېرىدىكى كۆپكۆك ئوت - چۆپ تولا دەسسىلىپ قۇرۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئايىغى يېتىدىغان دائىرىنىڭ ئىچى يۇمىلاق شەكىللىك قۇمغا ئايلىنىپ، ئوتنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان تاۋىغىلا ئوخشاپ قالغان، ئايىغى ئاستى پىژ - پىژ قۇم بىلەن تولغانىدى. بۇ ھالەتتىكى بۆرە كۈچۈكى قۇمشېكەر بىلەن قورۇۋاتقان كاشتاندەك پۇچىلىنىپ، پارتلاپ يېرىلىپ كەتكۈدەك بولاتتى. بىچارە كۈچۈك شۇ تۇرقىدا مەھبۇسلا ئەمەس، ئاستىدىن ئوت قالاپ دەھشەتلىك قىيىن - قىستاققا ئېلىنىۋاتقان مۇھىم جىنايەتچىنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

بۆرە كۈچۈكى ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرۈپ كەينى ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە بولدى، تاسما بىلەن زەنجىردە بوغۇلۇپ تىلى چىقىپ كەتتى، ئالدى ئىككى پۇتىنى خۇددى بىر نەرسىنى تۇتۇۋالىدىغاندەك پۇلاڭلاتتى. مۇشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭغا ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقىنى سايىمۇ ئەمەس، سۇمۇ ئەمەس، يەنىلا تاماق ئىدى، يەيدىغانلا نەرسە بولسا، بۆرىنىڭمۇ جېنى بولاتتى. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان چېن جېن بۆرە كۈچۈكنىڭ ئىسسىق تۇپەيلى تاماقتىن قالىدىغان ۋاقتىنى كۆرمىدى، ھاۋا ئىسسىغانسېرى، ئۇنىڭ ئىشتىھاسى شۇنچە ئېچىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۆرە كۈچۈكى چېن جېنغا، بېرىدىغان نەرسەڭنى تېزرەك بەرمەمسەن دېگەندەك، ئالدى ئىككى پۇتىنى يەنە پۇلاڭلاتتى، داستىكى «ئوۋ»نى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا، ئاندىن چېن جېننى قوغلاپ ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تەييارلاندى.

چېن جېن غەم - ئەندىشىدە قېلىۋاتاتتى. ياز پەسلىگە قەدەم

قويغان چارۋىچىلار ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە سۈتلۈك يېمەكلىكلەر بىلەنلا غىزالىناتتى، گۆش تامىقى زور مىقداردا ئازىياتتى، ھەر كۈندىكى ئىككى ۋاخ تاماقتا گۆشنىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. خېمىر تاماق، سۆك، تالقان، سۈتتىن ياسالغان ھەر خىل غىزا، ئالايلۇق، يېغى سۈت بىلەن قىلىنغان ماش ئىچىتمىسى، قېتىق، سېرىقماي، قايماق قاتارلىقلار ئاساسلىق تاماق بولاتتى. چارۋىچىلار سۈتتىن قىلىنغان بۇ تاماقلارنى ياخشى كۆرگەن بىلەن، زىيالىي ياشلار ئۇنداق تاماقنى ئىچىشنى تېخىچە ئۆگىنەلمەي ئاۋارە ئىدى. ئۇلار گۆش بىلەن ئەتكەن تاماقنىڭ ئورنىغا سۈتتە ئەتكەن تاماقلارنى يېيىشكە ئادەتلىنەلمىگەندىن باشقا، ئاساسلىقى سۈت بىلەن تاماق ئىچىشنىڭ جاپاسىغا چىدىيالمايتتى. ھېچكىممۇ سەھەر سائەت ئۈچتە ئورنىدىن تۇرۇپ تۆت ـ بەش سائەت سۈت سېغىش، چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ـ ئالتىلەردە سىيىرلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ئۈچ ـ تۆت سائەت سۈت سېغىش، ئەتىسى قاينىتىش، قېتىق، سۈزمە قىلىش قاتارلىق ئادەمنىڭ جۇلىقىنى چىقىرىۋېتىدىغان قول ئىشى ئۇلارغا تېخىمۇ خۇشياقمايتتى. ئۇلار سۆكتە ئەتكەن دۈملىمە تاماق، گۆشسىز ئۇگرە، ئوتياش بىلەنلا تۇگكەن مانتا، تۇگرە ياكى قازان نېنىنى يېسە يەيتتىكى، سۈت بىلەن بىر نەرسە ئىچىپ يېيىشكە ئۇنىمايتتى. چارۋىچىلار سۈتلۈك تائاملارنى قىلىۋاتقاندا، زىيالىي ياشلار ياۋا ئوتياش، تاغ سامىسىقى، ياۋا پىياز، كۈدە، چېچەكسەي، لويلا، مامكاپ قاتارلىق كۆكتاتلارنى يىغاتتى. گۆش ئۈزۈلۈپ قالغان ياز پەسلىدە، مەيلى چارۋىچىلار، مەيلى زىيالىي ياشلار بولسۇن، ئىشتىھاسىنى يېغىلاپ، يېغى نەرسىلەرنى يەپ باققۇسى كېلەتتى. مۇنداق ئەھۋالدا تەس كۈنگە قالىدىغىنى چېن جېن بىلەن بۆرە كۈچۈكى بولاتتى.

يايلاق مىللەتلىرى ياز پەسلىدە قوينى ئاز ئۆلتۈرەتتى، چوڭراق قوينى ئۆلتۈرگەندە گۆشنى ساقلىغىلى بولمايتتى. ھاۋا ئىسسىپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە، چىۋىن كۆپ بولغاچقا، گۆش

بىر ـ ئىككى كۈندىلا قۇرتلاپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا چارۋىچىلار گۆشنى باشمالتاق تومۇلۇقىدا تىلىپ، ئۇنى چىۋىندىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇنغا مىلەپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى كۈن تەگمەيدىغان يەرگە ئېسىپ قۇرۇتۇۋالاتتى. ھەر كۈنى تاماق ئېتىدىغان چاغدا بىر ـ ئىككى پارچە قۇرۇق گۆشنى ئۇگرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئازراق گۆش تەمى كىرگۈزۈش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى. ئۇدا بىرنەچچە كۈن ھاۋا تۇتۇلۇپ تۇرۇۋالسا، ئېسىپ قويغان گۆشلەر ئوخشاشلا كۆكىرىپ، تەمى ئۆزگىرىپ كېتەتتى ياكى قۇرت چۈشۈپ قالاتتى. قوينى ئاز ئۆلتۈرۈشتىكى يەنە بىر سەۋەب، ياز پەسلىدە قويلار ئەت ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار يازدا ئەتلىنىۋالغاندىن كېيىن، كۈز پەسلىگە كەلگەندە سەمرىشكە باشلايتتى، ئەت ئالمىغان، سەمرىمىگەن قوينى قۇرۇق ئۇستىخان دېيىشكە بولاتتى، مۇنداق قويلاردىن تۇزۇكرەك گۆشمۇ چىقمايتتى، مايمۇ بولمايتتى، گۆشنىڭ تەممۇ بولمايتتى، چارۋىچىلار مۇنداق گۆشنى يېمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياز پەسلىدىكى قويلار ئەمدىلەتىن قىرقىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تېرىسىمۇ پۇل بولمايتتى. مۇنداق تېرىنى ئەتىياز بىلەن كۈز پەسلىدە كىيسە بولىدىغان پىنجەككىلا ئىشلەتكىلى بولاتتى. بىلگە بوۋايمۇ، ياز پەسلىدە قوي ئۆلتۈرۈش ئىسراپخورلۇق، دەپ قارايتتى. چارۋىچىلارنىڭ ياز پەسلىدە قوي ئۆلتۈرۈپ يېمەسلىكى دېھقانلارنىڭ ئەتىيازدا بۇغداي مايسىسىنى يۇلۇپ قورساق تويغۇزمايدىغىنى بىلەن ئوخشاش ئىش ئىدى.

ئولۇن يايلىقىدا نوپۇس ئاز، چارۋا كۆپ بولسىمۇ، لېكىن يايلاقتىكى چارۋىچىلارنىڭ تويغۇدەك گۆش يېيىشىگە سىياسەت يول قويمايتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى كېكىردەك مايلاشمايدىغان، گۆش نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان جۇڭگودا قويمۇ ئەتىۋارلىق ھايۋان قاتارىغا كىرەتتى.

كۈز، قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە قارنى ئېتىلىپ كەتكۈدەك گۆش يەپ كۆنۈپ قالغان زىيالىي ياشلار بىر پەسىل گۆش

كۆرمىگەنگە پەقەت تاقەت قىلالمايتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قوي ئۆلتۇرۇپ يېيىش توغرىسىدا گۇرۇپپىغا سۇنغان ئىلتىماسى كۆپ ھاللاردا تەستىقلانمايتتى. چېن جېنىنىڭ ئىشىكتىن كىرگىنىنى كۆرگەن گاسمەي مەززىلىك ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرغان، قايماق بىلەن شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قورۇغان سۆكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇاتتى، يېڭىلا سۇتتە پىشۇرۇلغان بىر بولاق تاماقنى قولىغا تۇتقۇزاتتى. نەتىجىدە، چېن جېنىنىڭ قوي ئۆلتۇرۇش توغرىسىدا دەيدىغان گەپلىرى بوغۇزىدىن يېنىپ كېتەتتى. ئايرىم گۇرۇپپىدىكى زىيالىي ياشلار بىرەر ـ يېرىم قوينى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت ئالغان بولسا، گۆشنىڭ يېرىمىنى باشقا گۇرۇپپىدىكى زىيالىي ياشلارغا بۆلۈپ بېرەتتى، كۆپچىلىك بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ يېڭى گۆشكە ئېغىز تەگكۈزگەن بولاتتى. مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ھەرقايسى ئۆيلەردە ساقلاۋاتقان گۆش بارغانسېرى ئاز قالاتتى.

ئادەمغۇ مەيلى، بۆرە كۈچۈكىنى قانداق قىلغۇلۇق؟

شۇ كۈنى چېن جېن بۆرە كۈچۈكى تاماق يەيدىغان داسقا يېرىم تال سېسىق گۆشنى تاشلاپلا بولدى قىلغاندىن كېيىن، قۇرۇق داسنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى ـ دە، خىيالغا چۆكۈپ بىر ھازا ئولتۇردى. ئۇ ئەتىگەنلىك تاماقنى يەۋېتىپ، قازاندىكى بىرنەچچە تال قۇرۇق گۆشكە قارىدى، بىردەم ئىككىلەندى، لېكىن يەنىلا ھېلىقى قۇرۇق گۆشنى تېرىپ، بۆرە كۈچۈكىنىڭ دېسىغا سالدى. بۆرە كۈچۈكى ئىتقا ئوخشىمايتتى، ئۇ گۆش تەمى يوق ئۇماچقا ياكى سۆكتە ئەتكەن دۇملىمە تاماققا قاراپمۇ قويمايتتى، گۆشى يوق، سۆڭەكمۇ يوق تاماقنى كۆرسە بىئارام بولۇپ، زەنجىرنى غاجاپلا كېتەتتى.

چېن جېن قۇرۇتۇلغان گۆش بىلەن ئەتكەن ئىككى قاچا سۇيۇقئاشنى كۈدىگە قوشۇپ ئىچكەندىن كېيىن، يېرىم قازان سۇيۇقئاشنى بۆرە كۈچۈكى تاماق يەيدىغان داسقا تۆكتى، ئۇنى تاياق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، تېگىگە چۆكۈپ قالغان گۆشنى

بۆرىگە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۈستىگە لەيلەتتى، ئاندىن داسنى پۇراپ باقتى، لېكىن داستا گۆش پۇرىقى يوق ئىدى. ئۇ داسقا جىنچىراغقا ئىشلىتىدىغان قوي مېيىدىن ئازراق سالماقچى بولدى. كۈن ئىسسىق بولغىنى ئۈچۈن، ساپال قاچىغا ئۇيۇتۇۋالغان قوي مېيى ئېرىگەن ۋە پۇرىقىمۇ ئۆزگىرىپ قالغانىدى. لېكىن، بۆرە سېسىپ قالغان ھايۋان گۆشىگە ئامراق ئىدى، سېسىپ قالغان مايمۇ بۆرە كۈچۈكى ئۈچۈن ياخشى نەرسە ھېسابلىناتتى. قىش پەسلىدىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىككى قاچا قوي مېيى ياڭ كې بىلەن ئىككىسى ھەر ئاخشىمى كىتاب كۆرگەندە ياقىدىغان جىنچىراغنىڭ مېيى ئىدى، ئۇنىڭ كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر يېتىش - يەتمەسلىكىگە بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى. لېكىن، بۆرە كۈچۈكى بوي تارتىپ ئۆسۈۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقاچقا، كىتاب كۆرىدىغان ۋاقىتنى چىداپ تۇرۇپ قىسقارتىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما، چېن جېن ھەر كۈنى كىتاب كۆرىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەيۋاتاتتى. ئەمدى يۈزىنى قېلىن قىلىپ گاسمەيدىن سوراشقا توغرا كەلدى. ئەگەر بىلگە بوۋاي بىلەن گاسمەي كىتاب كۆرگەندە ئىشلىتىدىغان جىنچىراغنىڭ مېيى تۈگەپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپسا، ئۇلاردىن مايىنى ئاياپ ئولتۇرمايتتى. ياز كۈنلىرى بەك ئالدىراش ئۆتۈۋاتقاچقا، ئۇنىڭ بوۋايغا تارىخىي ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان، بوۋاي سۆزلەپ بېرىدىغان ھېكايىلەرنى ئاڭلايدىغان ۋاقتىمۇ ئازىيىپ قېلىۋاتاتتى.

چېن جېن قاچىدىن بىر قوشۇق قوي مېيى ئېلىپ ھورى پۇرقىراپ تۇرغان داسقا تاشلىدى، ئۇنى تازا قوچۇپ پارقىراتتى، پۇراپ بېقىپ، قوي مېيىنىڭ دىماغنى يارغۇدەك ھىدىنى ئالغاندىن كېيىن، بۆرە كۈچۈكى ئەمدى غىڭ قىلمايدىغان تاماق بولدى، دېگەن يەرگە كەلدى، ئارقىدىنلا ئاليۇمىن قازاندىكى سۆك ئۇماچنى ئىتلار تاماق يەيدىغان داسقا تۆكتى، لېكىن ئۇنىڭغا ماي سالمىدى. گۆش ئاز بولغاچقا، يايلاقتىكى ئىتلار پۈتكۈل ياز پەسلىدە يېرىم توق، يېرىم ئاچ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

چىن جىن ئىشىكنى ئاچقاندا، ئىتلارنىڭ ھەممىسى بوسۇغىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بولغانىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىتلارنىڭ تاماقنى بەردى، ئۇلار داسنى پاك ـ پاكىز يالاپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى سايىغا كەتكەندىن كېيىن، بۆرە كۈچۈككى تاماق يەيدىغان داسنى كۆتۈرۈپ ماڭدى، بۆرە كۈچۈككە: «بۆرىچاق، تاماق تەييار بولدى!» دەپ توۋلىدى. تولا ساقلاپ كۆزىگە قىزىللىق تېپىلغان بۆرە ھاياجانلىنىپ سەكرەپ، ئۆزىنى بوغۇۋالغىلى تاس قالدى. چىن جىن داسنى بۆرە كۈچۈكنىڭ ئالدىغا چاققانلىق بىلەن ئىتتىرىپ كەينىگە ئىككى قەدەم چېكىندى ۋە بۆرىنىڭ گۆش بىلەن ماي قوشۇلغان ئۈگرىنى ئىچىشىگە قاراپ تۇردى، قارىغاندا، بۇ بىر ۋاخ تاماق خېلى قاملاشقاندەك ئىدى.

چىن جىن بۆرە كۈچۈكنىڭ ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى، ھېچبولمىغاندا، ئۇنى ئۆزىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغان يېگانە دوست دەپ بىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ھەر كۈنى بۆرە كۈچۈككە تاماق بېرىدىغان چاغدا ئۇنى توۋلاپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. چىن جىن دائىم دېگۈدەك، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۆيلىنىپ پەرزەنتلىك بولغاندا، ئۆزۈمنىڭ قىز ـ ئوغۇللىرىمغىمۇ بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەسمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۆرىلەردە بىر خىل سېھرىي قۇدرەت بارلىقىغا ئىشىنەتتى. بۆرىلەر ئاچارچىلىق قاپلىغان ئورماندا ئادەملەر تاشلىۋەتكەن بوۋاقلارنى ئېمىتىپ باققان، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلغان، ھامىي بولغان، ئۇلارنى بۆرە قىلىپ يېتىشتۈرگەنىدى. ئەگەر ئىنساندىكى قۇدرەتتىن، بۆرىلەردىكى كۈچتىن ھالقىيدىغان سېھرىي ھېسسىيات بولمىغان بولسا، ئۇنداق «ئەپسانە»لەرنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چىن جىننىڭ ئۆزىمۇ بۆرە كۈچۈكنى باققاندىن ئېتىبارەن ئەپسانىگە ئوخشاپ كېتىدىغان خىياللار ئىلكىدە قالغانىدى. ئۇ تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر پارچە ھېكايىسىنى ئوقۇغانىدى. بۇ ھېكايىدە بىر ئوۋچىنىڭ

بىر بۆرىنى قوتولدۇرۇپ قالغانلىقى، يارىسىنى ساقايتقاندىن كېيىن ئۇنى ئورمانغا قويۇۋەتكەنلىكى، بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇۋۇچىنىڭ ياغاچ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىپلا قار ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان يەتتە ياۋا توشقاننى كۆرگەنلىكى، قاردا بۆرىلەرنىڭ ئاياغ ئىزى قالغانلىقى ... يېزىلغانىدى. چېن جېن بۆرە بىلەن ئادەمنىڭ دوستلۇقى ھەققىدە كۆرگەن بۇ تۇنجى ھېكايە شۇ چاغدىكى بۆرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق كىتاب ۋە كىنولاردا يېزىلغان ئەھۋال بىلەن ئوخشاش ئەمەس ئىدى. كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە بۆرە موماي قوزىنى يەۋەتكەنىدى، كىچىك بالىلارنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغان بۆرە، دېگەندەك قورقۇنچلۇق، ئىچىنىشلىق ۋەقەلەر تەسۋىرلىنەتتى. ھەتتا لۇشۇننىڭ قەلىمىدىكى بۆرىمۇ ئەنئەنىۋى ۋەھشىي ئوبرازدا تەسۋىرلەنگەنىدى. چېن جېن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھېلىقى ھېكايىسىگە ئىزچىل رەۋىشتە مەھلىيا بولۇپ يۈردى، ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى، ئاشۇ ئوۋچىدەك ئادەم بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى، قېلىن قارنى كېچىپ، ئورماندىكى بۆرە بىلەن ئويناشقۇسى، بۆرىنى قۇچاقلاپ ئاپئاق قار ئۈستىدە يۇمىلىغۇسى، بۆرىنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ قارلىق دالىدا ماڭغۇسى كەلدى ...

مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق، تۇتۇپ باقسىمۇ، سىلاپ باقسىمۇ بولىدىغان ھەقىقىي بىر بۆرىسى بار. ئۇ بۇ بۆرىنى ياخشى باقسىلا، ئۇنى قۇچاقلاپ ياپيېشىل چۆپلۈك ئۈستىدە يۇمىلاپ ئويىنىسا بولىۋېرەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ بۇ بۆرە كۈچۈكى بىلەن بىرنەچچە قېتىم يۇمىلاپ ئويناپ باققانىدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، چېن جېننىڭ خىيالىنىڭ يېرىمى ئەمەلگە ئاشقانىدى. لېكىن، يەنە بىر يېرىمىغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايتتى، بۆرە كۈچۈكى چوڭ بولۇپ ئۇنىڭغا بىر ئۇۋا كۈچۈكنى قالدۇرغاندىن كېيىن، ئورمانغا ياكى يايلاققا قايتىپ بۆرە توپىغا يېڭىۋاشتىن قوشۇلۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى. چېن

جىن ئۆزىنىڭ ئاتقا مىنىپ، بىر توپ بۆرە ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ يايلاقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭغانلىقىنى، چەكسىز دالا ۋە قاتمۇقات تاغلارغا قاراپ: «مەن كەلدىم، تاماق تەييار بولدى» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى، خىرە ـ شىرە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن تۆمۈرگە ئوخشاش كۆك، يولۋاسقا ئوخشاش قاۋۇل بۆرە شاھىنىڭ بىر توپ بۆرىنى كەينىگە سېلىپ، ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشمىگەنلىكى تۈپەيلى پەيدا بولغان ھاياجان ئىچىدە ھۇۋلاپ يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشىدە كۆرگەنىدى ... لېكىن بۇ يەر يايلاقتىكى چارۋا رايونى ئىدى، پۈتكۈل ئاۋۇل ئوۋچىلار، ئوۋ ئىتلىرى، مىلتىق ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغان بولغاچقا، چوڭ بولۇپ يېتىلىۋاتقان بۇ كىچىك بۆرە تۇزاقتىن قېچىپ چىقىپ ئۆزى بالا بېسىپ ياشاۋاتقان ياۋا توشقاننى سوۋغات تەرىقىسىدە كۆتۈرۈپ موڭغۇل ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى...

چېن جېنغا ئۆزىنىڭ تومۇرىدىمۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قېنى كۆۋرەپ ئېقىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. گەرچە ئۇلۇغ بوۋىسى سېپىي ئۆزىدىن دېھقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ نوقۇل تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان مىللەتنىڭ ئەۋلادىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، خۇاشيا مىللىتىدىكى تەرىقەتچى تالىپ ۋە ئۇششاق دېھقانچىلىققا باغلىنىپ قالغانلاردەك ئەمەلىيەتچىل، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان، ئەمەلىي ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەمەلىي نەپنى كۆزدە تۇتىدىغان، ئەسقاتمايدىغان قۇرۇق خام خىيالنى يامان كۆرىدىغانلاردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىكەن، ئەمدى قىزغىنلىقى ۋە باتۇرلۇقىغا تايىنىپ كېيىنكى يېرىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ تەۋەككۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. چېن جېن يايلاقنىڭ ئۆزىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان بۇرۇقتۇرما ھالەتتە ياتقان غايە ۋە قاراملىقنى تېخىمۇ بەك چوڭقۇرلۇقتىن ئويغىتىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

بۆرە كۈچۈكى داسنى يالاپ، ياغلاپ قويغاندەك پارقىرىتىۋەت-

تى. ئۇ يېرىم مېتىردىن ئۇزۇنراق بوي تارتقان، قورسىقى تويغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى، قارىماققا بويى ئىتتىنىڭ كۈچۈكلىرىدىن بىر غېرىچ ئۇزۇن ئىدى. چېن جېن داسنى ئىشىكنىڭ يېنىغا قويۇپ، بۆرىنىڭ دائىرىسىگە كىردى، ئەمدى باداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ ئوينىسا بولىدىغان چاغ بولغانىدى. ئۇ بۆرە كۈچۈكىنى قۇچىقىغا ئالدى، پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئوڭدا ياتقۇزۇپ، قورسىقىنى سىلىدى. يايلاقتىكى ئىتلار بۆرە بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا، ئۇلار - نىڭ قورسىقى قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىغا قىلچە بەرداشلىق بې - رەلمەيدىغان ئەجەللىك جاي ھېسابلىناتتى، مەيلى قايسىسى بولسۇن، قورسىقى يېرىلىپلا كەتسە چوقۇم ئۆلەتتى. شۇڭا، بۆرە بىلەن ئىت ئوڭدا ياتىدىغان، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى ئۆزى ئىشەن - مەيدىغان يات بىرىگە تۇتۇپ بېرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايت - تى. گەرچە دورجىنىڭ بۆرە كۈچۈكى كىچىك بالىنى چىشلەپ قويۇپ جېنىدىن جۇدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن چېن جېن يەنىلا بارمىقىنى بۆرە كۈچۈكىنىڭ يالىشىغا تۇتۇپ بەردى، ئۇ بۆرە كۈچۈكىنىڭ ئۇنى چىشلىمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۆرە كۈ - چۈكى ئۇنىڭ بارمىقىنى خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداش - لىرىنىڭ بىر يەرلىرىنى چىشلىگەندەك يېنىك چىشلەپ قويىدى. بۆرە كۈچۈكى ئۆزىنىڭ قورسىقىنى ئۇنىڭغا خاتىرجەم تۇتۇپ بەرگەن يەردە، ئۇ ئۆزىنىڭ بارمىقىنى بۆرە كۈچۈكىنىڭ ئاغزىغا سالسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ بۆرە كۈچۈكىنىڭ كۆزىدىن دوستلۇقنى، ئىشەنچنى كۆرگەندەك ئىدى.

چۈش بولاي دېگەندە، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى كۈننىڭ نۇرى قورۇلۇپ قالغان يايپېشىل ئوت - چۆپنىڭ ھالىنى قويمىدى، باشلىرىنى ساڭگىلىتىۋەتتى. بۆرە كۈچۈكىنىڭمۇ قىيناقتا چۈشىدىغان ۋاقتى بولغانىدى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئاچتى، توختىماي ھاسىرىدى، تىلىنىڭ ئۇچىدىن شۆلگەيلىرى ئاقتى. چېن جېن موڭغۇل ئۆيىنىڭ چۆرىسىدىكى كىگىزنىڭ

ھەممىسىنى ئۈستىگە قايرىۋەتكەچكە، ھەممە تەرىپىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆي بەئەينى قەپەسكە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنى بىر قاراشقا شىپاڭ دېيىشمۇ بولاتتى، ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرگەچ، بۆرە كۈچۈكىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇشقىمۇ قۇلايلىق ئىدى. چېن جېن بۆرىنى ئاپتاپتىن قوغدىيالىدۇ، دەرۋەقە، يايلاق بۆرىلىرى يامان ھاۋادىن قورقۇپ قالمايتتى، قاتتىق سوغۇق ياكى كۆيدۈرىدىغان ئاپتاپقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بۆرىلەر شەپقەتسىزلىك بىلەن شاللىنىپ كېتەتتى، يايلاقتا پەقەت چىداملىق بۆرىلەرلا مەۋجۇت بولۇپ ياشىيالايتتى. لېكىن، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا، يايلاقتىكى ھەرقانداق چىداملىق بۆرىمۇ تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىگە ئۆتۈپ، تاشنىڭ كەينىدە سايىداشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇڭا، بىلگە بوۋاي، ياز كۈنى قوي باققاندا، قوي پادىسىنى سايە يەردە توختاتماڭلار، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار بېرىپ «پىستىرما»دا ياتقان بۆرە بارمۇ ـ يوق، قاراپ بېقىپ بىر ئىش قىلىڭلار، دېگەنىدى.

چېن جېننىڭ قانداق قىلىپ بۆرىنى سەگىتكىلى بولىدىغانلىقىغا كاللىسى يەتمىدى. ئۇ ئاۋۋال بۆرىنىڭ ئىسسىققا چىداش ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئۆيگە كىرىۋاتقان شامالمۇ ئىسسىق ئىدى. ئويمانلىقتىكى كالا پادىسىمۇ ئوتلاشتىن باش تارتىپ، ئېقىننىڭ بويىدىكى نەم يەرگە يېتىۋالغانىدى، نېرىدىكى قوي پادىلىرى شامالغا يۈزىنى قىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. تاغنىڭ چوققىسىدىن ئۈچ بۇرجەكلىك ئاق «چېدىر»لار كۆرۈنۈپ قالدى. بۇ پادىچىلار ئۆزى ياسىۋالغان سايىۋەن ئىدى، ئىسسىققا پايلىيالمىغان پادىچىلار قورۇقنىڭ دەستىسىنى سۇغۇرنىڭ كامىرىغا سانجىپ، ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن ئاق كۆڭلەكنى سېلىپ قوزۇقنىڭ ئۇچىغا ياقىسى تەرەپتىن باغلايتتى، ئاندىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى پېشىنى تاش بىلەن باسۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتاپنى توسىدىغان چېدىر

بارلىققا كېلەتتى، چېن جېنىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ سايىداپ باققانىدى. مۇنداق چېدىرغا ئىككى پادىچى سىغاتتى، كۆپ ھاللاردا بىرى ئۇخلاپ ھاردۇق ئالاتتى، يەنە بىرى ئىككى پادا قويغا قارايتتى. ئۈچ بۇرجەكلىك مۇنداق چېدىر يايلاق ئوت كەتكەندەك قىزىپ كەتكەندىلا پەيدا بولاتتى. چېن جېنىنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولغىلى تۇردى.

بۆرە كۈچۈكى ئاپتاپقا چىدىماي ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالمىدى، ئۆرە تۇرۇپ باقسىمۇ، يېتىپ باقسىمۇ بولمىدى. قۇمنىڭ يۈزى سۇنىڭ دولقۇنىدەك جىمىرلاپ، ئىسسىق كۆتۈرۈلەتتى. پۇتىنىڭ ئالىقىنى كۆيۈۋاتقان بۆرە كۈچۈكى بىردەم ئۇ پۇتىنى، بىردەم بۇ پۇتىنى كۆتۈرۈپ باقتى، ئەتراپقا تەلمۈرۈپ ئىتىنىڭ كۈچۈكلىرىگە كۆز يۈگۈرتتى، ھارۋىنىڭ سايىسىدا ياتقان بىرىنى كۆرۈپ يېرىلغۇدەك بولدى ـ دە، زەنجىرنى تارتىپ شاراقشىتىۋەتتى. چېن جېن يۈگۈرگەن پېتى ئۆيدىن چىقتى، مۇشۇنداق قاقلىنىۋەرسە، بۆرە كۈچۈكىنىڭ راستلا قۇمشېكەردە قورۇغان كاشتاندەك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ناۋادا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىش چىقسا، مەيداندىكى مال دوختۇرىنىڭ ئۇنى داۋالاشقا ماقۇل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ يايلاقتا شامال بەك چىقىدىغان بولغاچقا ھېچكىم كۈنلۈك كۆتۈرمەيتتى، چارۋىچىلاردا پەقەت يامغۇرلۇق چاپانلا بولاتتى. بۆرىگە ئاتاپ سايىۋەن ياساپ بېرىشنىڭ تېخىمۇ يولى يوق ئىدى. كالا ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئاپىرىپ، بۆرە كۈچۈكىنى ئۇنىڭ سايىسىدا ياتقۇزسا قانداق بولار؟ يامان يېرى، بۆرە كۈچۈكى زەنجىرنى چاققا يۆگىۋېلىپ ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى، پادىچىلار ئۆزىگە ياسىۋالغاندەك ئۈچ بۇرجەكلىك چېدىر. لېكىن، چېن جېن بۇنىڭغا قانداق پېتىنسۇن؟ ئايدالىدىكى چارۋىلاردىن تارتىپ چارۋىچىلارغىچە ئاپتاپتا كۆيۈپ يۈرسە، تەپ تارتماي تۇرۇپ بۆرىگە سايىۋەن ياساپ بەردى دېگەن قانداق «سىنىپىي

ھېسسىيات؟» بۇ پۇتكۇل چوڭ ئەترەتتىكى بۆرە بېقىشقا قارشى چىققان چارۋىچىلار بىلەن زىيالىي ياشلارنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىش بولامدۇ؟ بۇ كۇنلەردە ھەممەيلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، بۆرە كۈچۈكنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بولدى. ئوغرىلىقچە بۆرە باققاننى ئاز دەپ، بۆرە كۈچۈكنى ئۆلارنىڭ يادىغا كەلتۈرۈپ قويۇش بولمايدىغان ئىش ئىدى.

چېن جېن سۇ توشۇيدىغان ھارۋىدىكى چېلەكتىن يېرىم داس سۇ ئېلىپ بۆرە كۈچۈكنىڭ ئالدىغا قويدى. كۈچۈك بېشىنى داسقا تىقىپ، يېرىم داس سۇنى بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى، ئاندىن تېزلىك بىلەن چېن جېننىڭ دالدىسىغا كېلىپ، زەھەردەك كۆيدۇرۇۋاتقان كۈن نۇرىدىن ئۆزىنى قاچۇردى، باققۇچىسى يوق يېتىم بالىدەك چېن جېننىڭ پۇتىغا دەسسەپ، ئۇنى كەتكىلى قويمىدى. چېن جېن بىردەم تۇرۇپلا، گەدىنىنىڭ بىگىز سانجىغاندەك ئېچىشىۋاتقانلىقىنى تۇيدى، ئەگەر دەرھال كەتمىسە، بىر قەۋەت تېرىسى سويۇلۇپ چۈشۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ نائىلاج بۆرە تۇرغان دائىرىدىن چىقىپ، يېرىم چېلەك سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى ـ دە، بۆرىنىڭ ئايىغىغا چاچتى، قۇملۇق يەردىن قاسقاننى كۆتۈرگەن چاغدىكىدەك ھور چىقىپ كەتتى. بۆرە كۈچۈكى يەردىكى تېمپېراتۇرىنىڭ پەسلەپ قالغانلىقىنى بىلىپ، مەيدىسىنى دەرھال نەم يەرگە ياقتى. ئۇ بىرنەچچە سائەت ئۆرە تۇرۇپ چارچىغانىدى. لېكىن، ئەمدىلا نەملەشكەن يەر ھايال ئۆتمەيلا يەنە قىزىپ كەتتى. بۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ نەچچىنى پىرقىرىۋەتتى. چېن جېندا باشقا ئامال قالمىغاندەك ئىدى، توختىماي سۇ چېچىۋېرىشكىمۇ بولمايتتى. چاچقان تەقدىردىمۇ، قوي باققىلى كەتكەندە يەنە نېمە قىلىپ بېرەلەيتتى؟

چېن جېن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كىتاب كۆرۈشكە كۆڭلى بارمىدى، بۆرە كۈچۈكى ئاپتاپ ئۆتۈپ ئاغرىپ قالارمۇ، ئورۇقلاپ كېتەرمۇ، ئۆلۈپ قالارمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇ بۆرىنى زەنجىرلەپ بېقىپ چارۋىلارنىڭ

بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان رايوندا باققان بولسا، ئۇنىڭغا كاتەك سېلىپ بەرگىلى، ھېچبولمىغاندا، بىر تەرىپىگە تام قوپۇرۇپ بەرگىلىمۇ بولاتتى. ئىپتىدائىي كۆچمەن چارۋىچىلىق مۇھىتىدا راستىلا بۆرە باققىلى بولمامدىغاندۇ؟ بۆرىنى قانداق بېقىشنى بىلگە بوۋايمۇ بىلمىگەنىكەن، ئۆرنەك قىلغۇدەك ھېچقانداق تەجرىبە يوق ئىدى.

چېن جېن بۆرە كۈچۈكىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى، ئويلىمىغان نەرسىسى قالمىدى، يەنىلا ھېچ نەرسە ئەقلىگە كەلمىدى.

بۆرە كۈچۈكى ئۆزىنىڭ دائىرىسىدە تىنىمسىز ئايلاندى، ئايلىنىۋېرىپ دائىرىنىڭ سىرتىدىكى چۆپلۈككە كۆزى چۈشكەندەك بولدى، ئۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى دائىرىنىڭ ئىچىدىكى قۇملىشىپ كەتكەن يەردىن تۆۋەندەك قىلاتتى. بۆرە كۈچۈكى يانتۇ بولۇپ، ئارقا پۇتى بىلەن چۆپ بار يەرنى دەسسەپ باقتى، ئۇ يەر ھېچقانچە قىزىق ئەمەستەك ئىدى. ئۇ سوزۇلۇپ تۇرۇپ دائىرىنىڭ سىرتىدىكى چۆپلۈككە ياتتى، بېشى بىلەن مەيدىسىنى دائىرە ئىچىدىكى ئىسسىق قۇمغا قويدى، زەنجىر تۇپتۇز تارتىلدى. ئۇ گەرچە يەنىلا ئاپتاپقا قاقلىنىقلىق بولسىمۇ، لېكىن بەدىنى ئاستىدىكى ئىسسىقلىق زور دەرىجىدە پەسكويغا چۈشكەنىدى. چېن جېن خۇش بولۇپ كېتىپ، بۆرە كۈچۈكىنى سۆيۈپ قويغۇسى كېلىپ كەتتى. بۆرە كۈچۈكىنىڭ بۇ ئاقىلانە چارىسى چېن جېننىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇرغاندەك بولدى. ئۇ دەرھال ئېسىنى يىغىپ، ھاۋا تازا ئىسسىپ كەتكەن چاغدا بۆرە كۈچۈكىگە كۆن ئارىلاپ ئورۇن يۆتكەپ بېرىشنى، دائىرە ئىچىدىكى ئوت ـ چۆپلەر قۇملاشقان ھامان باشقا يەرگە باغلاشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ بۆرىلەرنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنىڭ ئادەملەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىن ھالقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەجەبلەندى. ئانىسىنىڭ يېتەكلىشىدىن

ئايرىلىپ قالغان بۆرە كۈچۈكىدە ئۆزىنىڭ قېيىنچىلىقىنى ئۆزى ھەل قىلىدىغان تۇغما قابىلىيەت بار يەردە، كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىدىغان بۆرە توپىنى بىر نەرسە دەپ بولمايدىغاندەك ئىدى. چېن جېن كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلاپ كىتابنى قولىغا ئالدى.

ئۆينىڭ سىرتىدا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۇپۇرلىگىنى ئاڭلاندى، ئىككى ئاتلىق ئاتلىرىنى ئوقتەك يۇگۈرتۈپ، يىگىرمە نەچچە مېتىر نېرىدىكى ھارۋا يولىدىن توپا توزۇتقان پېتى كەلمەكتە ئىدى. چېن جېن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يىلقىچىلار ئوخشايدۇ دەپ، ئۇلارنىڭ كىملىكىگە دىققەت قىلمىدى. ئىككى ئاتلىق موڭغۇل ئۆيىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، بىراقلا يولىنى ئۆزگەرتىپ، بۆرە كۈچۈكىگە قاراپ ئات سالدى. چۆچۈپ كەتكەن بۆرە كۈچۈكى ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرىدەپ، زەنجىرنى تارتىشتۇردى. ئالدىدىكى ئاتلىق بۆرە كۈچۈكىنىڭ بويىنىغا قورۇق تاشلاپ، جىمى كۈچى بىلەن بىرلا تارتىۋىدى، بۆرە كۈچۈكى يەردىن ئۇچۇپ چىقىپ ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلدى. قورۇقنىڭ كۈچى ۋە قورۇق تاشلىغان ئاتلىقنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇ زەنجىرنىڭ تارتىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، بۆرە كۈچۈكىنىڭ بويىنىنى چورتلا ئۈزۈۋېتىشنى پىلانلىغاندەك ئىدى، بۇ ئەھۋالدا بۆرە كۈچۈكى ئۆلمەي قالمايتتى. بۆرە كۈچۈكى چاققانلىق بىلەن بويىنىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يەرگە چۈشكەن ئەسنادا، كەينىدىن چېپىپ كەلگەن ئاتلىق قولىدىكى قورۇق بىلەن بۆرە كۈچۈكىنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى، بۆرە كۈچۈكى تۇگۈلۈپ قېلىپ، يۇمىلاپ كەتتى. ئالدىدىكى ئاتلىق ئاتنى توختىتىپ، كالتەكنى يەنە بىر قولىغا ئالدى ـ دە، بۆرە كۈچۈكىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈشكە تەمشەلدى. چېن جېن قاتتىق بىرنى ۋارقىراپ، قازان بېشىدىكى نوغۇچنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئىككىيلەن چېن جېننىڭ جىنىدىن تويغاندەك ئەلپازىنى كۆرۈپ دەرھال

ئاتقا مىنىدى ـ دە، تويا ـ چاڭنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى، ئاڭغىچە بىرىنىڭ: «بۆرە ئۇياقتا تاي يەپ ئاۋارە، بۇ يەردە بىرى بۆرە بېقىپ ئاۋارە، قاچانلا بولسۇن بىر كۈنى ئۇنىڭ بۆرىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن !» دېگىنى ئاڭلاندى.

خۇاڭ خۇاڭ بىلەن يىلى قاۋاپ چىقىپ، ئوخشاشلا تاياق يېدى. ئىككى ئاتلىق يىلقا تەرەپكە كەتتى.

چېن جېن ئىككىيلەننىڭ كىملىكىنى ئوچۇق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، بىرىنىڭ بىلگە بوۋايدىن تەنقىد ئىشىتكەن ھېلىقى پادىچى ئىكەنلىكىنى پەم قىلدى، يەنە بىرى تۆتىنچى گۇرۇپپىدىكى يىلقىچى ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ قىلىقىدىن قارىغاندا، ئۇلار بۆرە كۈچۈكىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى پىلانلاپ كەلگەندەك ئىدى. چېن جېن موڭغۇل ئاتلىقلىرىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇمغا ئۆتكەندە قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

چېن جېن بۆرە كۈچۈكىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى، بۆرە كۈچۈكى قورقىنىدىن قۇيرۇقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، راۋۇرۇس ئۆرە تۇرالماي لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى. ئۇ چېن جېننى كۆرۈپ، خۇددى مۇشۇكنىڭ ئالىقىنىدىن مىڭ تەستە قۇتۇلغان چۈجە قېرى مېكىياننىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقاندەك، مۈدۈرۈپ قوپۇپ دېگەندەك چېن جېنىغا ئۆزىنى تاشلىدى، چېن جېنمۇ تىترەپ تۇرۇپ كۈچۈكنى قولىغا ئالدى، ئادەم بىلەن بۆرىنىڭ تىترىكى گىرەلەشتى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ قولىنى بۆرە كۈچۈكىنىڭ بوينىغا ئۇزاتتى، خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭ بويىنى ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن، لېكىن بوينىدىكى بىر تۇتاش تۈك قىرىلىپ كېتىپ، قان تەپچىرەپ قالغانىدى، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقاتتى.

چېن جېن ئۇنى بىردەم ئەركىلىتىپ، بىردەم سىلاپ، ئۇنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ لاغىلداشلىرىنى بېسىقتۇردى، ئۆيگە كىرىپ بىر پارچە گۆش ئېلىپ چىقتى ـ دە، بۆرە كۈچۈككە يېگۈزۈپ تەسەللى بەردى. بۆرە كۈچۈكى گۆشنى يەپ بولغاندىن كېيىن،

چىن جىن ئۇنىڭ مەيدىسىنى سىلاپ باقتى، كۈچۈكنىڭ يۈزىنى يۈزىگە يېقىن كەلتۈرۈپ، ئۇنى باغرىغا باستى، كۈچۈكنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك قىلاتتى، لېكىن ئۇ تېخىچە ۋەھىمىدىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن، چىن جىنغا بىر ھازا قارىدى، يۇلقۇنۇپ بېرىپ، تۇيۇقسىزلا چىن جىنىنىڭ ئېڭىكىنى يالاپ قويدى. چىن جىن ئالەمشۇمۇل خۇش بولۇپ كەتتى، بۇ بۆرە كۈچۈكىنىڭ ئۇنى ئىككىنچى قېتىم يالاپ قويۇشى ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكى ئىدى. قارىغاندا، بۆرىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان ئادەمگە يەتتە ياۋا توشقاننى ئېلىپ بارغانلىقى يالغاندىن توقۇپ چىققان ھېكايە ئەمەستەك قىلاتتى.

لېكىن، چىن جىنىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، چوڭقۇر بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەرگەنىدى، ئۇ بۆرە باقتىم دەپ مۇتلەق كۆپ ساندىكى چارۋىچىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەنىدى، ئۆزىمۇ چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىگە سالغىن مۇئامىلە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، ھەتتا بىلىگە بوۋايمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چارۋىچىلارنىڭ نەزىرىدە باۋ شۇنگۇي بىلەن ئىشلەمچىلەرگە ئوخشاش يايلاقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ياقا يۇرتلۇق بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بۆرە يايلاق مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى توتېم ئىدى، جىسمانىي جەھەتتىن ئالغاندا يېرىم ـ يارتا ۋەھشىي دۈشمەن قاتارىغا كىرەتتى. مەيلى مەنىۋىيەتتىن، مەيلى جىسمانىيەتتىن بولسۇن، يايلاقتىكى چارۋىچىلار بۆرە بېقىشقا يول قويمايتتى. چىن جىنىنىڭ بۆرە باققانلىقى مەنىۋى تەرەپتىن بىدئەتلىك، جىسمانىي تەرەپتىن بولسا دۈشمەن بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇش ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن يايلاقتىكى ئىلاھىي ئەھكاملارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان، يايلاق مىللەتلىرى ۋە يايلاق مەدەنىيىتىدىكى پەرھىزنى بۇزغانىدى. چىن

جېننىڭ بۆرە كۈچۈكىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا، ئۇنى داۋاملىق بېقىۋېرىشقا كۆزى يەتمەيۋاتقاندەك بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ راستلا «بۆرە توتېمى بىلەن يايلاق روھى»نىڭ مەخپىيىتىنى ۋە قىممىتىنى خاتىرىلىگۈسى، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكۈسى بار ئىدى. دۇنيانىڭ، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن بۆرە توتېمىنىڭ يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىشىغا كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى، ئۇنىڭ يايلاق ئادەملىرىنىڭ جىسمىغا ئوخشاش، بۆرىلەرنىڭ ھەزىم قىلىشىغا تاشلاپ بېرىلىپ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىشىگە، ھېچقانداق ئىزنا قالدۇرماي ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كېتىشىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ ماقۇل دېيىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. بۇ ئېھتىمال ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى، چېن جېن ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇشى، بۆرە چىشىنى چىڭ چىشلەپ، ئاداققىچە ئېلىشىشى لازىم ئىدى. ئۇ ئېرلاڭنى ئىزدەپ باقتى، ئېرلاڭ تېخىچە قايتمىغانىدى. ئەگەر ئۇ ئۆي باققان بولسا، مۇشۇ گۇرۇپپىدىكى چارۋىچىلاردىن بۆلەك گۇرۇپپىدىكىلەر ئوڭايلىقچە بۇ يەرگە يېقىن كېلەلمەيتتى. ئېرلاڭ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئېتىنى چىشلەپ، قوغلاپ ئاللا ـ توۋىسىنى چىقىرىۋېتەتتى. ئۇ بايىقى ئىككى ئاتلىقنىڭ شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئېرلاڭ يوق پۇرسەتتىن پايدىلانغانلىقىنى، شۇ تۇپەيلى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

قۇياش ئۆزىنىڭ بىر كۈندىكى ئەڭ يۇقىرى ئىسسىقىنى چىقارمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئويمانلىق ئۆزىدىكى ھەممە ھارارەتنى بۆرە كۈچۈكى ياتقان دائىرىگە توپلىغاندەك ئىدى. بۆرە كۈچۈكى ياتقان يەرنىڭ ھارارىتى پەسىيگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ بېشى بىلەن بوينى دەل قۇم لېگەننىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بوينى جاراھەتلەنگەن بولغاچقا، بۆرە كۈچۈكى ئاخىرىغا بېرىپ ياتالمىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ دائىرىسىدە ئايلان-

دى، بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ ئۆزىنى يەنە يەرگە تاشلىدى.

چېن جېن كىتابنى بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆي ئىشىغا تۇتۇش قىلدى، كۇدە ئادالىدى، تۇخۇم چېقىپ ئارىلاشتۇردى، خېمىر يۇغۇرۇپ قازان قاتلىمىسى سالدى، يېرىم سائەتكىچە بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئۇ بۆرە كۈچۈكىگە يەنە بىر قېتىم قارىغاندا، يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى، بۆرە كۈچۈكى قۇملىشىپ كەتكەن دائىرە ئىچىدە سوڭىنى ئاسمانغا قىلىپ، قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەر كولاپ، ئۆڭكۈر قازغىلى تۇرغانىدى، بوشاپ چىققان توپا خۇددى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ساليۇتتەك ئەتراپقا چاچرىماقتا ئىدى. چېن جېن قولىنى سۈرتۈۋېتىپ ئۆيدىن چىقتى ـ دە، بۆرىنىڭ قېشىغا كېلىپ زوڭ ئولتۇردى.

بۆرە كۈچۈكى دائىرىنىڭ جەنۇبىي يېرىم تەرىپىدىن ئۆڭكۈر كولىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئالدى يېرىمى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بولۇپ، مىدىرلاپ تۇرغان قۇيرۇقىنىلا كۆرگىلى بولاتتى، قوم ئارىلاش توپا ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىن توختىماي ئېتىلىپ چىقاتتى. ھايال ئۆتمەيلا، بۆرە ئۆڭكۈردىن ئۆزىنى سۇغۇرۇپ چىقىپ، سىرتىدىكى توپىنى كەينىگە تارتقىلى تۇردى، ئۇنىڭ ھەممە يېرى توپىغا مىلەنگەنىدى. ئۇ چېن جېنغا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياۋايى بىر نۇر بىلەن تولغانىدى. ئۇ خۇددى يەرنىڭ قېتىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش كولاۋاتقاندەك ئىدى، ئەلپازىدىن ئاچ كۆزلۈك، تىت ـ تىتلىق چىقىپ تۇراتتى.

بۆرە كۈچۈكى زادى نېمە قىلماقچىدۇ؟ قوزۇقنى قومۇرۇۋېتىپ، سايە يەرگە قېچىپ كەتمەكچىمۇ يا؟ ئۇنداقمىكىن دېسە، كولاۋاتقان ئورنى توغرا ئەمەس، بۆرە كۈچۈكىنىڭ كولاۋاتقان يېرى قوزۇقتىن نېرى، قوزۇق ناھايىتى چوڭقۇر قېقىلغان، ئۇنى قومۇرۇۋېتىش ئۈچۈن بۇنچىلىك كولىغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بۆرە كۈچۈكىنىڭ كولاۋاتقان يېرى دائىرىنىڭ جەنۇبىي يېرىمىدا، قوزۇقنىڭ قارشى تەرىپىدە ئىدى. ئۇ شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ، قۇياش نۇرى چۈشىدىغان

[General Information]
书名=狼图腾　二　维吾尔文
SS号=40219249